# شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدىكى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللار

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يەردە قاراتمىلىق ھالدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، پاكىتنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، دەلىل - ئىسپاتنى توغرا چۈشىنىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 1:** پومپېيو جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى ھەم باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش»نى يولغا قويدى، دېدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى سىجىل ئاشتى. 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن ئېشىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، %25.04 ئاشتى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %13.99لىك ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، يەنە بارلىق ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ %22.14لىك ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ %2.0لىك ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى.

◆ ھازىر شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت جوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.2 ئاشتى. شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.1 ئاشتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 64 مىڭ 900 يېزا نامرات نوپۇسىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

◆ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى. ھەرقايسى مىللەتلەر مەيلى نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى باراۋەر قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ھەممىسى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، مائارىپنى قوبۇل قىلىش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 2:** جېڭ گوئېن دوكلات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاياللارغا قارىتا «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش»نى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ Adrian Zenz (جۇڭگوچە ئىسمى: جېڭ گوئېن) ھەرگىزمۇ «جۇڭگو مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس» ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قۇرغان چېكىدىن ئاشقان ئوڭ قانات تەشكىلات «كوممۇنىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنى خاتىرىلەش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى، يەنە كېلىپ ئامېرىكا ئاخبارات ئاپپاراتى كونترول قىلىپ تەسىس قىلغان جۇڭگوغا قارشى ئاپپاراتنىڭ تايانچىسى، شۇنداقلا سېستىق نامى پۇر كەتكەن بىر ئىرقچى.

◆ جېڭ گوئېننىڭ «دوكلاتى»دا پاكىت ئۆيدۈرۈپ چىقىرىلغان، سانلىق مەلۇمات ئۆزگەرتىلگەن نۇرغۇن جاي بار.

«دوكلات»تا تىلغا ئېلىنغان ئاتالمىش «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش»نىڭ دەلىلى بولغان «2018 - يىلى جۇڭگودىكى %80 بالىياتقۇ ئىچىدىكى تۇغۇت تىزگىنلىگۈچنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن سانىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا كۆرۈلگەن» ۋە «2018 - يىلى شىنجاڭدىكى خوتەن ۋە قەشقەر ۋىلايىتى نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئاران ‰2.58 بولغان»نىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ پاكىتقا تۈپتىن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى نەشر قىلغان «جۇڭگو سەھىيە - ساغلاملىق ئىستاتىستىكا يىلنامىسى 2019»دىكى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى شىنجاڭدا يېڭىدىن كۆپەيگەن سېلىنغان تۇغۇت تىزگىنلىگۈچنىڭ سانى 328 مىڭ 475، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن سان 3 مىليون 774 مىڭ 318 بولغان، شىنجاڭدا يېڭىدىن كۆپەيگەن سان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن سانىنىڭ %8.7نىلا ئىگىلىگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان 2019 - يىللىق «شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.93، خوتەن ۋىلايىتىدە ‰2.96 بولغان.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 3:** ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى (BBC) «كېچىلىك خەۋەرلەر»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، زورەم داۋۇت شىنجاڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەن»لىكىنى ئېيتقان.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ زورەم داۋۇت ئەزەلدىن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىپ باقمىغان. ئۇنىڭ بەشىنچى ئاكىسى ئابدۇخېلىل داۋۇت ئىلگىرىلا بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغان.

◆ ئۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈچ پەرزەنتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلىپ»، بالىياتقۇسىنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە 2013 - يىلى 3 - ئايدا، زورەم داۋۇت ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئانا - بالىلار ساقلىق ساقلاش دوختۇرخانىسى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇغۇت دوختۇرخانىسى)دا ئۈچىنچى بالىسىنى تۇغقان چاغدا، ئۆزى «تۇغۇت ئىختىيارلىقى ماقۇللۇق نامىسى»گە ئىمزا قويۇپ، بالىياتقۇنى يېرىپ تۇغدۇرۇشقا، بوغۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئارقىدىن دوختۇرخانىدا بالىياتقۇنى يېرىپ تۇغدۇرۇش، بوغۇش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان، ھەرگىزمۇ تۇغماس قىلدۇرۇۋېتىلمىگەن، بالىياتقۇسى ئەسلا ئېلىۋېتىلمىگەن.

◆ ئۇ ياشىنىپ قالغان دادىسىنىڭ كۆپ قېتىم شىنجاڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ۋە تەكشۈرۈلگەنلىكىنى، ھەم يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلۈش سەۋەبىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ دادىسى ئىزچىل پەرزەنتلىرى بىلەن نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ئەزەلدىن «تەكشۈرۈلمىگەن» ياكى «تۇتۇپ تۇرۇلمىغان»، تاجىسىمان ئارتېرىيەلىك يۈرەك كېسىلى سەۋەبلىك 2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ بەشىنچى ئاكىسى ئابدۇخېلىل داۋۇت، ئۈچىنچى ئاكىسى ئەركىن داۋۇت بۇنىڭ ھەممىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغان.

◆ ئۇ «قوشماقلاشقان تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىدە چوشقا گۆشى زىياپىتىگە يولۇقتۇم» دېگەن. پاكىت شۇكى، زورەم داۋۇت ئېيتقان «قوشماقلاشقان تۇغقىنى» ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بەشىنچى ئاكىسى ئابدۇخېلىل داۋۇتنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى جاۋ چېلىن. 2017 - يىلى 10 - ئايدا، ئابدۇخېلىل داۋۇت جاۋ چېلىن بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان. 2018 - يىلى 1 - ئايدا، جاۋ چېلىن ئابدۇخېلىل داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلغان، زورەم داۋۇتمۇ بىللە قاتناشقان. جاۋ چېلىننىڭ ئانىسى ئۆز قولى بىلەن مېھمانلار ئۈچۈن تاماق تەييارلىغان. جاۋ چېلىننىڭ ئانىسى خۇيزۇ، مۇسۇلمانچە غىزالىنىدۇ، «چوشقا گۆشى زىياپىتى» بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 4:** مېھرىگۈل تۇرسۇن چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى مەزگىلدە نامەلۇم دورىلارنى ئىچىشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى، كېيىن ئامېرىكا دوختۇرلىرى تەرىپىدىن تۇغماس، دەپ بېكىتكەنلىكىنى ئېيتقان.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، مېھرىگۈل تۇرسۇن مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇترىتقۇلۇق قىلىشقا چېتىشلىق گۇمان بىلەن شىنجاڭ چەرچەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلغان. ئۇ سىفىلىس قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئويلىشىپ، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 2017 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇنىڭغا قوللانغان مەجبۇرلاش تەدبىرىنى بىكار قىلغان. بۇ 20 كۈندە جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلغاندىن باشقا، مېھرىگۈل تۇرسۇن جۇڭگودىكى مەزگىلدە پۈتۈنلەي ئەركىن بولۇپ، ئەزەلدىن جازاغا ھۆكۈم قىلىنمىغان، ئەزەلدىن ھېچقانداق تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىپ باقمىغان، دورا ئىچىشكە مەجبۇرلانغان ئەھۋال ئەسلا يوق. يەنە ئىگىلىنىشىچە، مېھرىگۈل تۇرسۇننىڭ جۇڭگودا تۇغۇت تىزگىنلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ باققانلىق خاتىرىسىمۇ يوق ئىكەن.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 5:** شىنجاڭ «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» تەسىس قىلىپ، نەچچە مىليون ئۇيغۇر مۇسۇلماننى قامىدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭدا ئەزەلدىن ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» مەۋجۇت ئەمەس.

◆ شىنجاڭ قانۇن بويىچە تەسىس قىلغان كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى (تۆۋەندە تەلىم - تەربىيە مەركىزى دېيىلىدۇ) مەكتەپ خاراكتېرىگە تەۋە بولۇپ، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن قوللانغان ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىر. مەقسەت تېررورىزم ۋە ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراقنى مەنبەدىن يوقىتىش. ئالاقىدار تەدبىرلەردە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى تەجرىبىلىرى ئۆرنەك قىلىنىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «زوراۋان ئەسەبىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»دا تەشەببۇس قىلىنغان تەرەققىيات، مائارىپ قاتارلىق بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئەسەبىيلىك پىكىر ئېقىمىنى توسۇش ئىدىيەسى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدى، بۇ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» قاتارلىق بىر قاتار خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قارارلىرىنىڭ پرىنسىپى ۋە روھىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ پايدىلىق نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ئۇدا تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى.

◆ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىلەر «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» ئارقىلىق، ھەم دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، ھەم ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 - يىلى 10 - ئايدا، شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەربىيەلىنىشكە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملىدى، ھەم كۆپ قىسمى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 6:** شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قارىتا «دىنىي تىزگىنلەش»، سىياسىي سىڭدۈرۈش ۋە قورقۇتۇپ قىيىن - قىستاققا ئېلىش ئېلىپ باردى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى قوغدىدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قايتقاندا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش - قاتناشماسلىقنى ئۆزلىرى قارار قىلسا بولىدۇ؛ تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇقى مول بولغان مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەندى؛ تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر، دەرس جەدۋىلى، تاماق تىزىملىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى قوللىنىلدى.

◆ تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ياتاقلىق تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئىشى بولسا رۇخسەت سورىسا بولىدۇ، قەرەللىك ئۆيىگە قايتالايدۇ، خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى بار. تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى كىشىلىك قەدىر - قىممەت جەھەتتە ھەرقانداق شەكىلدە ھاقارەتلەش ۋە خورلاشنى قاتتىق مەنئى قىلدى، ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇش» «مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

◆ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تۈرلۈك تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق. ياتاقلارغا بىرتۇتاش رادىيو، تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ ياكى شامالدۇرغۇچ سەپلەنگەن؛ داۋالاش ئۆيى، قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئۆيى ۋە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ساغلاملىق بويىچە دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، قانۇننى يېشىپ چۈشەندۈرۈش ۋە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەندى؛ ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تېننىس توپ قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيىتى مەيدان - سورۇنلىرى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى، كومپيۇتېر ئۆيى ۋە كىنو قويۇش ئۆيى قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەت مەيدان - سورۇنلىرى، ھەمدە كىچىك زال، ئۇستى ئوچۇق سەھنە قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن قويۇش مەيدان - سورۇنلىرى قۇرۇلدى. مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر دائىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئارزۇ - تەلىپى ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇلدى. بارلىق تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ياشانغانلار كۈتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ھەقسىز قاتناشتى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 7:** چېگرا سىرتىدىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىكى «ئادەم ئىزدەش ئېلانلىرى»دا، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى «تۇغقانلىرىمىز» «دوستلىرىمىز» بىلەن «ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى»، «ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى» دېدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىش ئەركىنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ چېگرا سىرتىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن بولغان خەۋەرلىشىش ئالاقىسىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى.

◆ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرى تىلغا ئالغان ئاتالمىش «ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان» كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەتتە نورمال پائالىيەت قىلىۋېتىپتۇ، بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.

«ئاۋستىرالىيە رادىيو شىركىتى» ئىلگىرى ئاۋستىرالىيەدە ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو پۇقراسى ئەزىمەت ئۆمەرنىڭ شىنجاڭدىكى دادىسى، ئۆگەي ئانىسى، ئۈچ ئاكا - ئۇكىسى، ئىككى ئاچا - سىڭلىسى ۋە 20 نەچچە جىيەن ئوغلى، جىيەن قىزى بىلەن «ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى»نى خەۋەر قىلغان. لېكىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقىلىشىچە، ئۇنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق تۇغقانلىرى بىر دەك نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

2020 - يىلى 2 - ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنى مەزگىلىدە، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» جەنۋەدىكى ۋەنگو سارىيىنىڭ ئالدىدىكى «دۆۋەنىي مەيدانى»دا ئاتالمىش «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر»لارنىڭ بىر يۈرۈش سۈرەتلىرىنى كۆرسەتتى. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ سۈرەتلەرنىڭ ساختا ئۇچۇر ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلگۈنچى تەشكىلات تەرىپىدىن ئوغرىلانغان سۈرەتلىرى ۋە شەخسىي ئۇچۇرلىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى دەلىللەندى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 8:** شىنجاڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇستىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى يوقاتتى، نۇرغۇن كىشى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك توستى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، «ئاغرىق مىساللىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزدى، داۋالىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت رايونغا ئايرىش، دەرىجىگە ئايرىش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، پەرقلىق ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، جەمئىيەت ئورۇنلىرى، كىشىلەر زىچ توپلىشىدىغان مەيدان - سورۇن ۋە نۇقتىلىق مەيدان - سورۇنلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش خەۋپ - خەتىرىنى ئەڭ زور چەكتە تۈگەتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئامال - چارە بىلەن كۆكتات، مېۋە - چېۋە، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ تولۇق بولۇشى، سۈپىتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. پۈتۈن شىنجاڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ رايونىدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 826 ئاغرىق مىسالىنىڭ ھەممىسى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بىرمۇ كىشى ئۆلۈپ كەتمىدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 9:** جۇڭگو سىستېمىلىق ھالدا شىنجاڭدىكى 80 مىڭ ئۇيغۇرنى باشقا ئۆلكىلەردىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا نامرات نوپۇس كۆپ، نامراتلىق دائىرىسى كەڭ، نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر، سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، ئىش ئورنى چەكلىك بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى تولۇق قاندۇرۇش تەس ئىدى. بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى پائال قوللىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى.

◆ 2018 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ جەمئىي 151 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىسى شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار تەخمىنەن 14 مىڭ 700 كىشى بولۇپ، ئاساسلىقى يۇرتداشلار تونۇشتۇرۇش، تۇغقانلار ياردەم بېرىپ يېتەكلەش، ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى ئىش ئورنىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت، تىل، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن كىشىنىڭ يىللىق كىرىمى 45 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يۇرتىدا دېھقانچىلىق قىلغان ياكى ئىشلەمچىلىك قىلغان چاغدىكى كىرىمىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 10:** شىنجاڭ زور مىقداردىكى ئۇيغۇرنى پاختا تېرىشقا مەجبۇرلاپ، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنى بۇلغىدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ ئالدىنقى يىللاردا، ھەر قېتىم پاختا ئېچىلغان كۈز پەسلىدە، خېنەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن دېھقان ئىشلەمچى پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا كېلىپ پاختا تەردى، ئۇلار «پاختا تەرگۈچى زور قوشۇن» دەپ ئاتالدى. شىنجاڭدىمۇ ھەر مىللەت دېھقان ئىشلەمچىلەر پاختا تەرگىلى باردۇ، ئۇلار بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى بۇ پاختا تەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بارغان بولۇپ، قىسقىغىنا بىر ئايدا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايدۇ.

◆ مۇشۇ يىللاردا، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشتى، ئالدىراش پاختا تېرىش پەسلىدىمۇ، زور مىقداردىكى «پاختا تەرگۈچى»گە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان بولدى. مەسىلەن، 2015 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى رايونىدىكى پاختىلارنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان بولدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 11:** شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سىستېما خاراكتېرلىك يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى.

◆ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى قوغدالدى. ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم داڭلىق ئىمارەتلەر، مەسىلەن، قەشقەردىكى ئاپاق خوجا مازىرى، قورغاستىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، موڭغۇلكۈرەدىكى لاما دىنى ئىبادەتخانىسى، خېجىڭدىكى موڭغۇل ۋاڭ ئوردىسى، چەرچەندىكى توغراق قورۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۇختا رېمونت قىلىندى ۋە قوغدالدى. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى قاتارلىقلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى» ۋە «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)